# 4635 ـ ئايروپىلاندىكى كىشى قاچان ئېهرام كىيىدۇ؟

## سۇئال

مەن ئاللاھ تائالا خالىسا بۇ يىل ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتىمەن، ئايروپىلان بىلەن رىيادتىن جىددىغا كېلىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن قەيەردە ئېهرامغا كىرىشىم كېرەك؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلارغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز بۇنداق سەپەر قىلغاندا ھازىر"سەيلىل كەبىر" دەپ ئاتىلىدىغان" قەرنى مەنازىل دېگەن جايدا ئېهرامغا كىرىشىڭىز كېرەك.

مىيقاتتىن ئۆتكەن كىشى مىيقاتنىڭ ئۆزىدە ئېهرام كىيىدۇ، مىيقاتتىن ئۆتمىگەن كىشى قۇرۇقلۇقتا، ھاۋادا ياكى دېڭىزدا بولسۇن مىيقاتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېهرام كىيىدۇ. سىز ئايروپىلان مىيقاتنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېهرام كىيىشىڭىز كېرەك. ئايروپىلان مىيقاتتىن تېز ئۆتۈپ كېتىدىغان بولغاچقا ئېهتىياتەن مىيقاتقا كېلىشتىن بۇرۇنراق ئېهرام كىيسىڭىز بولىدۇ".

شەيخ ئىبنى جىبرىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مىيقاتنىڭ ئۆزىدىن ئۆتمەيدىغان كىشىلەرقۇرۇقلۇقتىن، ھاۋادىن ياكى دېڭىزدىن بولسۇن مىيقاتنىڭ باراۋىرىگە كەلگەندە ياكى يېقىنلاشقاندا ئېهرام كىيىدۇ، ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارمىيقاتقا يېقىنلاشقاندا ياكى ئېهتىياتەن مىيقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئېهرام كىيىش كېرەك، مىيقاتتىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئېهرام كىيگەن كىشىگە قان(يەنى جازا) كېلىدۇ". ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر. ئىسلام پەتىۋالىرى 2-توم 198-بەت.

دائىمىي كومىتېتى پەتىۋاسىدا: جىددە، ھەج-ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن سىرتتىن كەلگەنلەرنىڭ مىيقاتى (ئېهرامغا كىرىدىغان ئورنى) ئەمەس، پەقەت جىددىدە ياشايدىغان ياكى مۇقىم تۇرىدىغان ياكى جىددىغا باشقا بىر ئىش بىلەن كېلىپ كېيىن ھەج-ئۆمرىنى مەقسەت قىلغان كىشىلەر جىددىدىن ئېهرامغا كىرسە بولىدۇ. ئەمما مەدىنە ياكى مەدىنە تەرەپتىن كېلىدىغان كىشىلەر ھەج-ئۆمرىنى مەقسەت قىلىدىكەن، ئۇلار زۇلھۇلەيپىنىڭ ئۆزىدىن ياكى قۇرۇقلۇق، ھاۋادا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن ئېهرام كىيىدۇ، شۇنىڭدەك جۆھپە، يەلەملەم تەرەپلەردىن كەلگەن كىشىلەر شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن ياكى ئۇنىڭ باراۋىرىدىن ئېهرام كىيىپ كېلىشى كېرەك بولىدۇ. دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى 11-توم130-بەت.

مىيقاتتىن ياكى مىيقاتنىڭ باراۋىرىدىن ئېهرام كىيىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنهۇدىن نەقل

قىلىنغان ھەدىستە: كۈيە بىلەن بەسرە شەھرى پەتىھ قىلىنغاندا ئۇلار ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام نەجدى ئەھلى ئۈچۈن قەرنى مەنازىلنى ئىھرام كىيىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن، ئۇ تەرەپنىڭ يولى بىزگە يىراق، بىز ئۇ يەرگە بېرىپ ئىھرام كىيىپ ماڭىمىز دىسەك بەك جاپا بولىدۇ دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: سىلەر قەرنى مەنازىلنىڭ ئۇدۇلىغا كىلىدىغان يولغا قاراڭلار دەپ، ئۇلارغا زاتە ئىرق دىگەن جاينى ئىھرام كىيىدىغان ئورۇن قىلىپ بېكىتىپ بەرگەن. [ئىمام بۇخارى1458].

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ "پەتھۇلبارى 3-توم 389-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇلارغا: سىلەر قەرنى مەنازىلنىڭ ئۇدۇلىغا كىلىدىغان يولغا قاراڭلار دىيىشى، سىلەر ئۆتىدىغان يولنىڭ مىيقاتقا باراۋەر كىلىدىغان جايىنى توغرىلاپ ئىھرامغا كىرىدىغان جاي قىلىڭلار دىمەكتۇر".

ئىنسان شۇنى بىلىشى كېرەككى، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يىتىپ كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيىش سۈننەتنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنداق قىلمىغان، ئەڭ ياخشى يول پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىدۇر، ئەمما ئايروپىلاندىكى كىشى بولۇپ قالسا مىيقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيسە بولىدۇ، چۈنكى ئايروپىلان تىز ئۈچىدىغان بولغاچقا مىيقاتنىڭ ئۆزىگە كەلگەندە ئىھرام كىيىمەن دىسە، بەلكىم ئايروپىلان مىيقاتتىن ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئايروپىلاندىكى كىشىلەر مىيقاتقا كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيىۋالسا بولىدۇ.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلغان كىشىلەرنىڭ ھېچ بىرىدىن، ئۇلارنىڭ زۇلھۇلەيپىگە كېلىشتىن بۇرۇن ئىھرام كىيگەنلىك توغرىسىدا ئەسەر بايان قىلىنمىدى، ئەگەر مىيقات بېكىتىلمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلار بۇرۇنراق ئىھرام كىيىشكە ئالدىرىغان بولاتتى. چۈنكى بۇرۇن ئىھرام كىيىش جاپالىق ۋە ئۇنىڭ ئەجىر-ساۋابى كۆپ بولىدۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنداق قىلمىدى بەلكى مىيقاتتىن ئىھرام كىيدى". [پەتھۇلبارى 3-توم 387-بەت].

ئالالاھ تائالا ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچىدۇر.